شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي
8
دۈشەنبە
维吾尔文 7月8日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24750 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

ئىسلاھات يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق، ئىسلاھات يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى، كۈچنى مۇجەسسەملىدى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزدە، بۇ مۇھىم، زور ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، كەڭ كادىرلار، ئاممىلار مۇھىم سۆزنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈپ، سەممىي يولغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ـ تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

—— ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئۇنىۋېرسال بايان

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ

دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش تىزىملىكى تۈزۈپ، ئەستايىدىل بولۇپ، كۆڭۈل قويۇپ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈپ، مەركەزلىك ئۆگىنىشنى پۇختا ئېلىپ بېرىپ، مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش…

ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسىگە قاتناشقان 94 تارماق، ئورۇن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى پۇختا ئىگىلەپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزى گۇرۇپپىسى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ كۆڭلىنى توختىتىپ، زېھنىنى يىغىپ ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇشى، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىشى، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆپ ئويلىنىش، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئېتىقادىنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ـ تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈش
ئەينەن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇش

باش تېما تەربىيىسى باشلانغاندىن بۇيان، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلىش، كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئەينەن ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

قىسقا ئوبزور

□جاڭ يەنفاڭ

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەدىن چەتنەپ كەتمەي، دىققەتنى چاچماي، مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلىش، كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىش، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، پۇختا ھالدا ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، ئېتىقادىنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش مەقسىتىگە يەتتى.

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ـ تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار باش تېما تەربىيىسىنىڭ باش تېما ئاساسىي لىنىيەسىنى پۇختا ئىگىلەپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر قېتىملىق مەركەزلىك ھەرىكەت بولۇپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى فۇنكسىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلغان.

«تەشكىلىي قۇرۇلمىنى قايتا قۇرۇشنى تاماملاش، ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پەقەت ‹يۈزەكى› مەسىلىلەرنىلا ھەل قىلدى، ھەقىقىي تۈردە ‹خىمىيەلىك رېئاكسىيە› پەيدا قىلىش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.» پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشىمىزغا تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشتە، سۆزنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپپاراتلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇشنى تۈزۈم، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش كېرەك.»

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

سۆھبەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ مەسئۇلى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھىتى جەمئىيىتى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى

پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تولۇق تۈزەش ۋەزىپىسىنى كەم ـ كۈتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە باش تېما تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

مېۋە ـ چېۋە ماكانى مېھمانلارنى قارشى ئالدى

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدىكى تىجارەتچى مېۋە ـ چېۋە ساتماقتا. ياز مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ يەردە مىللىي ئۇسلۇبتىكى قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئىمارەتلەردىن باشقا، يەنە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئەلا سۈپەتلىك مېۋە ـ چېۋە، قۇرۇق يەل ـ يېمىشلار بار بولۇپ، شېرىن مېۋە ـ چېۋىلەر جاي ـ جايلاردىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ بىردەك ماختىشىغا ئېرىشتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاۋ گې فوتوسى

تۇرسۇنىسانىڭ تۇرمۇشى مەنىلىك ئۆتمەكتە

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرىمىز سۈي يۈنبەن

«ئاچا ـ سىڭىللار، بىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىپىمىز تۆنۈگۈندىكىدىن 150ى كۆپ. چۈشتىن بۇرۇن كۆپچىلىكنىڭ ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، چۈشتىن كېيىن داۋاملىق غەيرەت قىلىپ، ۋەزىپىنى بالدۇر تاماملاپ ئىشتىن چۈشەيلى، بولامدۇ؟» «بولىدۇ!» 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىش بىلەنلا، 4 ـ نومۇرلۇق سېخنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇنىسا ئېلى يۇقىرى ئاۋازدا خىزمەتداشلىرىدىن سورىدى، كۆپچىلىك بىردەك جاۋاب بەردى.

بۇ، خوتەن ناھىيەسى يېڭىئاۋات يېزىسى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدىكى بىر كۆرۈنۈش. ئىلگىرى بېكىنمە ياشايدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن تۇرسۇنىسا ھازىر يېزا كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدىكى «قابىل ئادەم»گە ئايلاندى. ئۇ پىشقان ماھارىتى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا ئائىلىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا باشلىدى. خىزمەتتە، ئۇ قايتا ئىشەنچكە ئېرىشىپ، كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقتا.

■ئەستايىدىل خىزمەت قىلغۇاتقان ھالەت ناھايىتى گۈزەل

تۇرسۇنىسا بۇ يىل 27 ياش بولۇپ، يېڭىئاۋات يېزىسى جاھانباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، شۇنداقلا خوتەن ناھىيەسى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى پۈتتۈرگەن تەربىيىلەنگۈچى. يېڭىئاۋات يېزىسى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى يۇ فېڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: تۇرسۇنىسا تەربىيىلىنىش مەزگىلىدە ماھارەت ئۆگىنىلگەن، پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆگىنىشى تېز، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى يامان ئەمەس بولغاچقا، كېلىشى بىلەنلا كارخانا تەرىپىدىن سېخ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP